# مېيىپ دوستۇم



مەنبە: قصص و حكايات بالعربي

رەيھان ماڭا ئوخشاش كىچىك بىر قىز ئىدى. ئۇ يېقىندا بىزنىڭ مەھەللىگە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن كۆچۈپ كەلگەنىدى. بىز مەھەللىدە بالىلار بىلەن ئويناۋاتقاندا، ئۇ دېرىزىدىن بىزنىڭ ئويۇنلىرىمىزغا قاراپ تۇراتتى، مەن ئۇنىڭغا قولۇم بىلەن ئىشارەت قىلىپ سالام بېرەتتىم، ئۇ ماڭا تەبەسسۇم قىلىپ سالام قايتۇراتتى. بىراق ئۇ بىز بىلەن ئويناش ئۈچۈن ئۆيىدىن پەسكە زادىلا چۈشۈپ باقمايتتى.



مەن ئاٰنامدىن:- ئاٰنا، رەيهان نىمىشقا پەسكە چوٰشوٰپ
بىز بىلەن ئويناٰمايدوٰ؟ بولمىسا ئۆزىموٰ خېلى چوڭ بولوٰپ
قاٰپتوٰ،- دەپ سوردىم. ئاٰنام:- هەي...! سۆيوٰملوٰك قىزىم،
ئوٰ ئۆزى پەسكە چوٰشەلمەيدوٰ،- دېدى. مەن هەيرانلىق
بىلەن ئاٰنامدىن:- نېمىشقا؟- دەپ سوردىم.



ئانام ماڭا تەمكىنلىك بىلەن:- رەيھان چاقلىق ئورۇندۇق بولمىسا ماڭالمايدۇ بالام، شۇڭا ئۇ سىلەر بىلەن بىللە ئوينىيالمايدۇ.- دېدى. مەن كۆڭلۈم ناھايىتى يېرىم بولغان ھالدا ئانامدىن:- ئۇنداقتا ئۇ بىز بىلەن مەڭگۈ ئوينىيالمامدۇ؟!

-دەپ سورىدىم.



ئانام ماڭا جاۋاپ بېرىپ:- ئۇنداق ئەمەس، ئۇ ھەرىكەتلىك ئويۇنلارنى ئوينىيالمايدۇ، ئەمما ئەقلى ئويۇنلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئوينىيالايدۇ، سىلەر نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن سۆز ئويۇنلىرى، تېپىشماق ۋە قۇراق ئويۇنلىرى دېگەندەكلەرنى ئوينىمايسىلەر؟- دېدى.



ئەتىسى ئەتىگەندە مەن ئانامنىڭ رۇخسىتى بىلەن رەيھاننى يوقلاپ كېلىش ئوٰچوٰن ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم، ئۇ مېنى قىزغىن قارشى ئالدى، ئىككىمىز ناھايىتى كۆڭوٰللوٰك ئوينىدۇق، مەن ئۇنىڭغا قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى ئوقۇپ بەردىم. ئۇ مېنىڭ ئۆزىنى يوقلاپ كەلگىنىم ئوٰچوٰن رەھمەت ئېيتتى ۋە بوٰگوٰنكى ئىشلاردىن ئىنتايىن خۇشال بولغانلىقىنى دېدى .



مەن ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى دائىم يوقلاپ كېلىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمىغان ھالدا ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتىم.



بىر كۈنى دوستۇم زەھرا باغچىغا بېرىپ ئويناپ كېلىش ئۈچۈن مېنى چاقىردى. مەن ئۇنىڭغا:- ئىككىلىمىز ئانىمىزدىن رەيھاننى بىللە ئاپىرىپ ئوينىتىپ كېلىشكە رۇخسەت ئالايلى،- دېدىم، ئۇ ناھايىتى ھەيرانلىق بىلەن: رەيھان ئۆزى ماڭالمايدىغان تۇرسا، بىز بىلەن قانداقمۇ بىللە ئوينىيالىسۇن؟!- دېدى.



مەن ئۇنىڭغا:- رەيھان بىلەن بىللە ئويناش تولىمۇ كۆڭۈللۈك، ئۇ ناھايىتى يېقىملىق بىر قىز، ئۇ چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپمۇ يەنە بىز بىلەن كۆپلىگەن ئويۇنلارنى ئوينىيالايدۇ.- دېدىم.



زەھرا ئاخىرى مېنىڭ پىكىرىمگە قوشۇلدى، بىز ئانىلىرىمىزغا
دەپ قويۇپ ئۇنى باغچىغا بىللە ئېلىپ باردۇق، ئۇنى چاقلىق
ئورۇندۇق بىلەن باغچىغا ئاپىرىش ئۈچۈن رەيھانىنىڭ ئانىسى
بىزگە ياردەملەشتى.



بىز رەيھان بىلەن ھەرخىل ئويۇنلارنى ئويناپ، قىزىقارلىق پاراڭلارنى قىلىشىپ، ناخشىلارنى ئېيتىشىپ ناھايىتى خۇشال بولدۇق. رەيھان مېنىڭ مېيىپ دوستۇم، ئۇ گەرچە بىزدەك يۈگۈرۈپ، سەكرىيەلمىسىمۇ، بىز ئۇنىڭ بىلەن يەنىلا ناھايىتى كۆڭۈل ئوينىيالايمىز.

